# 11126 - نېمە ئۈچۈن بىز تەقدىرىمىزدە پۈتۈلگەن نەرسىلەرگە ھېساب بېرىمىز؟

## سوئال

ئىنسانىنىڭ ئاقىۋىتى ئىلگىرى ئاللاھ تائالانىڭ ھوزۇرىدا پۈتۈلگەن بويىچە بولىدىغان بولسا، بىر ئىنساننىڭ تەقدىرىدە ئۇ مەلۇم بىر كىشىنى ئۆلتۈرىدىغانلىقى پۈتۈلگەن بولسا، بۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى چەكلەش قانداق مۇمكىن بولىدۇ؟، ئۇ كىشى مەزكۇر خاتالىقنىڭ يۈز بېرىشىنى چەكلەشكە قادىر بولالمايدىغان تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئۇ خاتالىققا ئاساسەن جازاغا ئۇچرايدۇ؟، بۇ توغرىدا چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل
مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ
پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

ئاللاھ تائالا ئۆز قۇدرىتى
بىلەن ئىشلارنى تەقدىر قىلدى، ئاللاھ تائالا ئىرادە قىلغان تەقدىرگە
ئىشىنىش ئىماننىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا
بارلىق مەخلۇقاتلارنى ياراتقۇچى بولۇپ،
ئۆزىنىڭ چەكسىز ئىلمىدە ئۇلارنىڭ
يارىتىلغاندىن كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى ياخشى
بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا شۇنىڭ ئۈچۈن
بەندىگە ئىختىيارلىقنى بېرىپ، ئۇنىڭغا ياخشىلىق يوللىرىنى
كۆرسىتىپ بەردى. كىمكى توغرا ئىش قىلسا ئۆزىنىڭ پايدىسى
ئۈچۈن، خاتا ئىش قىلسا ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن
قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:
﴿فَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُ.
وَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَهُ﴾ تەرجىمىسى: كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن،
ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك
يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.»
[سۈرە زەلزەلە 7-8-ئايەت].

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق

دەيدۇ:

﴿وَنَفْسٍ

وَمَا سَوَّاهَا، فَأَلْهَمَهَا فُجُورَهَا وَتَقْوَاهَا، قَدْ أَفْلَحَ مَن

زَكَّاهَا، وَقَدْ خَابَ مَن دَسَّاهَا﴾

تەرجىمىسى: «روھ بىلەن

ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى -

يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى، روھىنى

پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ، نەپسىنى

(كۇفرى ۋە پىسقى - فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن

ئادەم چوقۇم نائۈمىد بولىدۇ.» [سۈرە

شەمس 7-10-ئايەتكىچە].

شۇنىڭ ئۈچۈن بىر

كىشىنى ئۆلتۈرۈش بولسۇن ياكى باشقا يوللار ئارقىلىق

ھەقسىز ئازار يەتكۈزۈش ھارامدۇر. كىمكى

شۇنداق قىلىدىكەن، دۇنيادىمۇ تىگىشلىك جازاسىنى

تارتىدۇ، ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ شەرئىي

قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق ئازابقا دۇچار

بولىدۇ.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى

بىلگۈچىدۇر.